ئىشقا تورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياخشىلىرى ئارقىلىق ناچارلىرىنى شاللىۋېتىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

ۋېيپۇەنجاڭ چياۋشى بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن گۈيجۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە لى پېڭ زۇڭلىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى قاراپ چىقتى. چياۋشى سۆزىدە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئىرىشىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

مۇئاۋىن زۇڭلى جۇرۇڭجى بۈگۈن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان فۇجيەن، شىزاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە لى پېڭ زۇڭلىنىڭ «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلات»نى قاراپ چىقتى.

جۇرۇڭجى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ھازىر شىزاڭنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا زېھ تايىنىدىغان، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ، ھەرقايسى ساھەدىكى زاتلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغانلا بولساق، شىزاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۇدا راۋاجلىنىشىنى ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنىڭ يەنىمۇ مۇقىم بولۇشىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ليۇ خۇاچىڭ بۈگۈن ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتنىشىپ، ۋەكىللەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭ پىلانى ئۈستىدە ئورتاق كېڭەشتى.

خۇ جىنتاۋ بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان سىچۈەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ماس ھالدا راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىچۈەننىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىشىمىز لازىم.

خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىپ، ئارمىيىنىڭ ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىتتىپاقلىق — ئىنتايىن مۇھىم، ئىتتىپاقلىق — كۈچ، ئىتتىپاقلىق — غەلىبە. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتسەكلا، ھەرقانداق بوران - چاپقۇننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز، ئىشلىرىمىز غەلىبە قىلماي قالمايدۇ. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى باشتىن ئاخىر يېتەكچىلىك، ئۈلگىلىك رول ئوينايدۇ. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پۈتۈن ئارمىيە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ خىسلىتىنى ساقلاش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرغانلىقتىن، ئارمىيە ئىچى ۋە سىرتىنىڭ ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى. بىز تەستە قولغا كەلگەن بۇ ياخشى ۋەزىيەتنى ئىنتايىن قەدىرلەپ ۋە قوغداپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ مۇھىمى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، ئىدىيە، سىياسىي، ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ئاڭلىق ساقلاش لازىم. 50 مىليوندىن كۆپرەك ئەزاغا ئىگە مۇشۇنداق چوڭ پارتىيىمىزدە، زېمىنى كەڭ، 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىغا ۋە 56 مىللەتكە

تەكىتلەش- سىياسەتنى تەكىتلەشتىكى ئاساسىي تەلەپ، ئارمىيىنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە بىرلىكىنى ساقلاشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ھەر بىر يولداش، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا پارتىيە

مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ۋەكىل جاڭ جېن، ۋەكىل ۋەنيېن، ۋەكىل چى خاۋتيەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن ۋەكىل فۇ چۈەنيۇ، ۋەكىل يۈي يۇڭبو قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى.

## ئاپتونوم رايون «8- مارت» ئاياللار بايرىمىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق- مەنپەئىتىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغداش ئىشىنى ئۈستۈردى. ئەمەلىيەت ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنى قۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان «يېرىم دۇنيا» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

خەلچەم ئىسلام مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئېلىمىز تارىخىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر يىل بولىدۇ. ھەر مىللەت ئاياللىرى ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، قاراشنى ئۆزگەرتىپ، كۈچلۈك بازار ئېڭى رىقابەت ئېڭى ۋە خوجايىنلىق ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ جەڭ مەيدانىغا پائال ئاتلىنىپ، «ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش» ۋە «ياغلىقلىقلار تۆھپە قوشۇش» پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىيەتلىك، ساغلام، ئىلمىي تۇرمۇش شەكلىنى تەشەببۇس قىلىپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قارىشى، قىممەت قارىشى، نىكاھ قارىشى، ئائىلە قارىشى ۋە پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ناچار ئۆرپ- ئادەتلەرنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىپ، توي - تۆكۈندە ھەشەمەتچىلىك قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن دۆلەت قۇرۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئائىلىنى باشقۇرۇپ، ئەۋلادلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ھەر مىللەت ئاياللىرى ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختىچىلىق سېپىدىكى 100 ئايال ماھىر تەقدىرلەندى.



## ... ئۈچۈن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خەيكو خەۋىرى. خەينەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېي زېفاڭ باشقىلاردىن 60 مىڭ يۈەن پارا ئالغانلىقى ئۈچۈن، خەينەن ئۆلكىسى خەيكو شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆتكەندە 1- سوتتا بەش يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

63 ياشلىق ۋېي زېفاڭ خەينەن ئۆلكىلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ ئۈجىسى بولغان مەزگىلدە، 1993 - يىلى يېڭى يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە خەينەن «چاۋخەي» سودا- سانائەت باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لو خېپىڭ (ئايرىم بىر تەرەپ قىلىندى)دىن ئىككى قېتىمدا 60 مىڭ يۈەن پارا قوبۇل قىلغان. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن ۋېي زېفاڭ بارلىق زاڭ پۇلىنى قايتۇرغان.

خەيكو شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ۋېي زېفاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن قانۇنسىز 60 مىڭ يۈەن پارىنى قوبۇل قىلىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەن. ئۇ ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى سۈھبەتلەشكەندىن كېيىن بارلىق جىنايى پاكىتلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاپشۇرغانلىقى، جىنايىتنى تونۇش پوزىتسىيىسى ياخشى بولغانلىقى ھەم بارلىق زاڭ پۇللارنى ئاكتىپ قايتۇرغانلىقى ئۈچۈن قانۇن بويىچە ۋېي زېفاڭغا پارا ئالغانلىق جىنايىتىنى يېنىكلىتىپ بەش يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

*******

## بالا ئىزدەش توغرىسىدا ئېلان



ئاينۇرغوجى: 11 ياش، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1.20 مېتر ئەتراپىدا، ئۆڭى ئاق بولۇپ، يۇرتى يەكەن. بۇبالا 1996-يىل 11-ئاينىڭ 3-كۈنى شىنجاڭ مالىيە- ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن، تاھازىرغىچە ئىز- دېرىكى يوق. كۆرگۈچىلەر 3710621، 282285 تېلېفون ياكى (126 ـ8006856) چاقىرغۇ ئارقىلىق نۇرمۇھەممەتكە خەۋەر قىلسا، خەۋەر قىلغۇچىغا سۆيۈنچە بېرىلىدۇ.

ھەمكارلىق تۈرى 104كە يەتكەن. بۇ تۈرلەرگە جەمئىي 11 مىليارد 649 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. شاڭخەي شەھىرىنىڭ ھازىر دەريا بويىدىكى ئۆلكە - شەھەرلەر بىلەن ئېلىپ بارغان ھەر خىل ئىقتىسادىي بىرلەشمە ھەمكارلىق تۈرى 20 مىڭغا يەتكەن. بۇ تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشقان. ئۆتكەن بىر يىلدىلا شاڭخەينىڭ باشقا جايلاردىكى سانائەتكە سالغان مەبلىغى 1 مىليارد 340 مىليون يۈەنگە يەتكەن، ھەربىر تۈرگە سېلىنغان مەبلەغ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان. بۇ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بىر خىل ئىقتىسادىي يېڭى دولقۇننىڭ باشلانغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەمما رايون خاراكتېرىدىكى، كەسىپ- ساھە خاراكتېرىدىكى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشكە يەنە ئاز - تولا ۋاقىت كېتىدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ 90 - يىللاردىن بۇيان ئىچكى جايلارنىڭ كەڭ بازارغا، مول بايلىققا ئىگە بولۇش، يەر، ئەمگەك كۈچى تەننەرخى تۆۋەن بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكلىرى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ مەبلەغ ئـوزئـارا مـەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە كارخانا ئـۆزىـگـە ئۆزى خوجا بولۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش - «غەربكە يۈرۈش قىلىش»نىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەبتۇر. دېڭىز بويىدىكى كارخانىلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنى كىچىك جەھەتتىن تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بۇنداق ھەرىكەت قوللىنىشىنىڭ زور دەرىجىدە بازار مېخانىزمىنىڭ تۈرتكىسىدە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دېڭىز بويىدىكى كارخانىلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى تاسادىپىي، يەككە ھادىسە ئەمەس. ئۆتكەنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە مەبلەغ ئىقتىسادى تەرەققىي تاپمىغان ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرىدىن ئۆزلۈكسىز شەرققە قاراپ ئاقتى، مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن شەرق بىلەن غەربىي قىسىم رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭايدى. بۇ ۋەزىيەت يەنىلا داۋاملىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، غەربكە كۆچۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىسسىق شامال پەيدا بولدى. بۇ ئىش ئەمدىلا باشلانغان، تېخى مۇھىت شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش چوڭقۇر راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى مەزگىلدە بارلىققا

[illegible] ئىش ھەققى 400 ـ 600 يۈەنگە يەتتى، مەلىكىلىك تېخنىك ئىشچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 1000 يۈەن ئۆپچۆرىسىدە بولدى. سېلىنغان مەبلەغنىڭ پايدىسى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تېز تەڭشەپ، ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنى باشقا جايلارغا يۆتكىگەندىلا، يۇقىرى تېخنىكىلىق، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى بولغان كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ماكان ھازىرلىغىلى بولىدۇ. شەرقىي دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرى ھازىر نامرات بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرلەردە ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇن قېزىلما بايلىق، يەر، جانلىقلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق بايلىقلىرى بار، زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ئېنېرگىيە يېتەرلىك، بازار كەڭ، ئەمگەك كۈچى تەننەرخى ۋە يەر باھاسى بىر قەدەر تۆۋەن. بۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت پاكىت. تېخنىكا مىقدارى يۇقىرى، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى

رايونلىرىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرى ۋە شەرقىي قىسىم دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكلىرى ۋە چەكلىمىش ئامىللىرىدىن شۇنى روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى دەل ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ كەمچىلىكلىرى؛ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى دەل دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ كەمچىلىكلىرى. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ، بىرلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىسىلا، غايەت زور كۈچ ھاسىل قىلالايدۇ. شۇنى ئالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دېڭىز بويىدىكى كارخانىلارنىڭ غەربكە ئومۇميۈزلۈك يۈرۈش قىلغان كۈنى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي قىسىم بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈك جەھەتتە بىر- بىرىنى تولۇقلاپ، ئورتاق روناق تاپقان ۋاقتى بولىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگرامما مىسى)



## ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن ساڭا

جېلىلى

مېنى تۇغۇپ باقتىڭ پەپىلەپ،
قۇچىقىڭدا ئۆستۈم ئەركىلەپ.
سىڭدى ماڭا ئەجرىڭ ھەسسىلەپ،
گۈل تۇتىمەن ساڭا دەستىلەپ.
غەمگۈزارىم، شەپقەتچىم ئانا،
ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن ساڭا.

ماڭا ئەقىل، ئەخلاق ئۆگەتتىڭ،
ۋۇجۇدۇمغا كۈچ بەخش ئەتتىڭ.
تەربىيىلىدىڭ، جەڭگە ئەۋەتتىڭ،
كۆڭلۈمدىكى غەمنى تۈگەتتىڭ.
غەمگۈزارىم، شەپقەتچىم ئانا،
ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن ساڭا.

سەن قەلبىمدە قۇياشتىن نۇرلۇق،
تايانچىم سەن مۇقەددەس، ئۇلۇغ.
قاندىم ئىللىق مېھرىڭگە تولۇق،
سەن بولغاچقا كۆرمىدىم خورلۇق.
غەمگۈزارىم، شەپقەتچىم ئانا،
ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن ساڭا.

## ئۇنتۇمىغىن

مۇھەممەت مۇسا

مىڭ جاپادا تۇغۇپ پەپىلەپ،
باقتى سېنى شۇنچە كۆيۈنۈپ.
كۈلۈپ بەرسەڭ تاتلىق ۋىلىقلاپ،
ئىچ - ئىچىدىن كەتتى سۆيۈنۈپ.
پاك مېھرىنى بەردى ئانجان،
ئۇنتۇمىغىن شۇنى بالىجان.

كىرپىك قاقماي تالاي كېچىنى،
ئاتقۇزدى تاڭ بۆشۈك تەۋرىتىپ.
«ئەللەي قوزام، ئەللەي بالام...» دەپ،
تەرىپىڭگە قوشاقلار قېتىپ.
ياشلىقىنى بەردى ئانجان،
ئۇنتۇمىغىن شۇنى بالىجان.

ئۇنىڭ ئىدى ئانار يۈزلىرىڭ.
ھەممىسىنى بەردى ئانجان،
ئۇنتۇمىغىن شۇنى بالىجان.

بارلىقىنى ئاتىدى ساڭا،
ئاڭا ھەرگىز قىلمىدى مىننەت.
كۆردى سېنى كۆز قارچۇقىدەك،
بىلدى گويا ئۆمرىگە زىننەت.
بىل ھەممىنى بەردى ئانجان،
ئۇنتۇمىغىن شۇنى بالىجان.

ئازار بەرمە نازۇك كۆڭلىگە،
كېچە - كۈندۈز خىزمىتىدە بول.
نېمە دېسە بەرگىن تەل قىلىپ،
ئۇنىڭ ئۈچۈن بول پىداكار قول.
ئائىلەڭنىڭ گۈلى ئانجان،
ئۇنتۇمىغىن شۇنى بالىجان.

نۇرى ئۆچتى كۆزنىڭ ئەمدى،
چۈشتى يول - يول يۈزىگە قورۇق.
تەمۇرۇكۇڭ، قىبلىگاھىڭدۇر،
قۇياشىڭ ئۇ، نۇر بەرگەن يورۇق.
تالاي بەدەل بەردى ئانجان،
ئۇنتۇمىغىن شۇنى بالىجان.

قول باغلاپ تۇر، خوش دەپ ئالدىدا،
ئۇ ھۆرمەتكە لايىق پەرىشتە.
ئۇ مۇقەددەس قىبلىگاھ ساڭا،
نەزىرىڭدە بولسۇن ئەرىشتە.
پەرلارىڭمۇ پەرى ئانجان،
ئۇنتۇمىغىن شۇنى بالىجان.

ئۇنىڭ ئىدى سەندىكى ياشلىق،
ئۇنىڭ ئىدى چولپان كۆزلىرىڭ.
ئۇنىڭ ئىدى سەندىكى قامەت،

## مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئانىلار ۋە ئاياللار توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

△ ئانا ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل دۇنياغا مەنسۇپتۇر. ... ئۇ سۆيۈش بالىلىق قىياپىتىدە پېگىپاشتىن دۇنياغا كەلتۈردى.



بوستان چاچلار

نىجات سابىت فوتوسى

## توي

(ھېكايە)

ماھنۇر ئابدىلىم

گۈلشەننىڭ تويىغا كەلگەن مېھمانلارنىڭ تولىسى، داستىخانغا قول ئۇزاتماي، كالپۇكلىرىنى يىمىرىپ، دىمىغىنى قىقىپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلاشماقتا ئىدى. دېمىسىمۇ توختىكام كەنجى قىزىنىڭ تويىنى تولىمۇ ئاددىي ئۆتكۈزگەنىدى. مېھمانلار ئېلىپ كەلگەن سوۋغا-سالاملارنىڭ ھەممىنى ياندۇرۇۋەتتى. توي داستىخىنى ھەققەتەن ئاددىي بولۇپ، ھازىر بولۇۋاتقان توي - تۆكۈنلەردىكى ھەشەمەتچىلىكلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. لېكىن شادىيانە ساز - ناخشىلار كىشىلەرنى قىزغىن توي شادلىقىغا چۆمدۈرۈۋەتتى.

ۋېچىركا قىلىنمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كېپىنەكتەك ياسىنىپ كەلگەن قىزلارنىڭ روھى چۈشۈپلا كەتتى. قىزلار سورۇندىكى كۆس-كۆس پاراڭلار گۈلشەننىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى.

- ۋىيەي، مۇشۇمۇ توي بولدىمۇ؟ ۋېچىركا قىلمايمۇ توي قىلامدۇ؟

- شۇنى دېمەمدۇ، يىگىت تەرەپ چىدىمىغان گەپ...

- ئۇلار ئۈنچىلىك كەمبەغەل ئەمەسقۇ؟

ئاڭلىسام بىنادىن ئۆيمۇ ئاپتۇدەك.

- ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى پۈتكۈزۈۋېلىپلا

ھەشەمەتلىك رېستوراندا ئۆتكۈزۈلگەن. قىز تەرەپتىن بەرگەن مال - مۈلۈكنىڭ كۆپلۈكىدىن قىزى بارلار غەمگە پاتقان. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئالغان ئالتۇن جابدۇقلىرى ھەممىنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتكەنىدى. ۋېچىركىدا راسلانغان داستىخاننىڭ موللۇقى، مۇزىكا ئەترىتىنىڭ قالتىسلىقى، تانسا - ئۇسسۇلنىڭ كارامەت قىزىپ كەتكەنلىكىنى ياشلار ھازىرغىچە تامىقىنى چىكىلدىتىپ تۇرۇپ تىلغا ئېلىشاتتى.

قىزلار گۈلشەنگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ھەدەپ رازىيەنىڭ تويىنى ماختاپ ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. گۈلشەن بولسا قىزلارنىڭ دارتمىلىغان گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرسى تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

- بۈگۈن رازىيە نېمىشقا تويغا كەلمىگەندۇ؟

- رازىيە تويدىن كېيىن ساياھەت قىلىپ كېلىمىز دەۋاتاتتى، ساياھەتكە كەتكەنمىدۇ يا؟...

قىزلار ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشىپ باقتى.

رازىيەنىڭ ئۆيىدىكى ئەھۋال قىزلارنىڭ پەرىزىنىڭ ئەكسىچە ئىدى.

غەمكىن ھالدا، - ئاتا - ئاناڭ بىز دېگەن تويلۇقنى تەل قىلمىساڭلار بۇ تويىنى قىلمايمىز، دەپ تۇرۇۋالسا. شۇنچە كۆپ چىقىملارغا مەن قانداق پېتىشىمەن. ھېلىمۇ گەدەنگىچە قەرزگە بوغۇلدۇم.

- نېمە؟ قەرزگە بوغۇلدۇم؟

- ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟ تويىنى قىلىۋالساق، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشكەندىكىن سېنى بۇ ئىشلارنى توغرا چۈشىنەر دەپ ئويلىدىم.

- نېمە! - رازىيەنىڭ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشتى، - ھەي تېگى پەس قەلەندەر! سەن مېنى مۇشۇنداق ئالدىدىڭما! بۇنداق دىۋانىلىقىڭنى بىلگەن بولسام...

رازىيەنىڭ ئاھانىتى ئېرىگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن جېدەل باشلاندى. رازىيەنىڭ زەھەردەك ئاچچىق گەپلىرى، ئاھانىتىگە چىدىمىغان ئېرى ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇنى بىر تەستەك ئۇرۇۋەتتى. پۈتۈن شەھەرگە داڭقى چىققۇدەك توي قىلىشقان بۇ بىر جۈپنىڭ شېرىن ئېيى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. ئېرى دەرد - ئەلەم بىلەن ئىشكاپتىن ھاراق بوتۇلكىسىنى ئالدى. رازىيە نەرىسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

## ئاياللار

ئۆمەرجان ئاۋۇدۇن

ئاياللارنى يېرىم دۇنيا دېمىمىز بىز،
ئەرلەر بىلەن دۇنيانى تەڭ ياراتقان.
ئەرلەر بىلەن ئورتاق بولۇپ ھەر ئىشتا،
بۇ دۇنياغا مېھىر - ۋاپا تاراتقان.

شۇڭا ئورتاق ئاياللارمۇ ھۆرمەتكە،
ھەر جايدا بار ئورنى، قەدىر - قىممىتى.
ئاياللارسىز بولماس قىلچە ئەرنىڭمۇ،
گۈلدەك كۈلۈپ ئۆتكەن ھايات لەززىتى.

ئاياللارمۇ پەم - پاراسەت ئىگىسى،
چېلىشلاردا قېلىشمايدۇ ئەرلەردىن.
قاقاس چۆللەر ئايلىنىدۇ گۈل باغقا،
ئۇلار تۆككەن پاك ۋە ھالال تەرلەردىن.

ھۆر بەختىنىڭ گۈلتاجىسى ئاياللار،
ھەممە ئىشتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر.
قاداق باسقان قوللار ئەزىز بىز ئۈچۈن،
شان - شەرەپكە، ھۆرمەتكە تەڭ سازاۋەر.

## گۈزەل يۇرتۇم

كەرىمە ئابدۇللا

ئەي يۇرتۇم گۈزەل جەننەت ئانا ماكان،
سۆيگۈمنى دىلدىن ساڭا قىلاي بايان.

بىرسەن ۋۇجۇدۇمغا چەكسىز قۇۋۋەت،
بىرسەن ھەر ئىشىمغا ئىلھام، مەدەت.

قەلبىمدە ساڭا ھۆرمەت تولۇپ تاشار،
شاۋقۇنلۇق دەريا بولۇپ ئۇرغۇپ ئاقار.

كۈيلەيمەن شۇڭا سېنى بۇلبۇل بولۇپ،
چاپىمەن بەيگىلەردە دۇلدۇل بولۇپ.

بىپايان قوينۇڭ سېنىڭ مەدەنگە باي،
گۈللىتەر ئىشچان خەلقىڭ سېنى ھارماي.

ئەي يۇرتۇم گۈزەل جەننەت ئانا ماكان،
قىلىمەن تەرىپىڭنى ھارماي ھامان.

شادلىقتا سېنىڭ بىلەن تەڭ كۈلىمەن،
بەختىيار زامانەمنىڭ بىر گۈلىمەن.



سۈرەتتە: لى
جاشا سۇ ئېلېكتر
ئىستانسىسىنىڭ
چوڭ دامبىسى
**(شىنخۇا ئا-**
**گېنتلىقى)**

كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

سۆھبەت يىغىنىدا ئەزالار ئارقا - ئارقىدىن چارە - تەدبىر كۆرسەتتى. كەيپىيات جانلىق، قىزغىن بولدى. زۇڭلىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا جاۋابلىرىغا ئالىملار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ 4 - مارت تېلېگراممىسى)**

## يىرىك يېزا ئىگىلىكىنى بوشاشماي چىڭ تۇتۇش لازىم

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرلەشتۈرۈش ۋە شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقىنى تەڭ تۇتۇشنى يولغا قويدۇق. ئەمەلىيەت بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىز بۇنىڭدىن قىلچە تەۋرەنمەيمىز.

ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە شىنجاڭدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە پاختا بازىسىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېدى: بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 1300 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 150 يۈەن كۆپەيدى. بۇ يىل دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمىنى 1500 يۈەنگە يەتكۈزىمىز. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا، بىرىنچىدىن، پاختا، ئىككىنچىدىن، كۆكتات، مېۋە - چېۋە، ئاندىن قالسا 2-، 3- كەسىپلەر ئاساسىي مەنبە ھېسابلىنىدۇ. مەركەز شىنجاڭنى مەملىكەتنىڭ مۇھىم پاختا بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ بۇنداق شارائىتقا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدىيە ۋە ماددىي جەھەتلەردە پائال تەييارلىق كۆرۈپ قويدى.

ۋاڭ لېچۈەن بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا كېۋەز ھوسۇلى كېمىيىپ كېتىشتەك ئەھۋالغا قارىتا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ يىل كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىدە چوڭ چاتاق يوق، كۈچنى، ئاساسلىقى، بىرلىك ھوسۇلنى ئاشۇرۇشقا، كېسەل ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشقا قارىتىش كېرەك. بۇلتۇر ئاساسلىق پاختىچىلىق رايونلىرىدا ھاۋا سالقىن بولۇش، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار ئاپىتى تۈپەيلىدىن، شۇ يىلقى ھوسۇلنى ئاشۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدۇق. بۇ يىل پاختىنى 1 مىليون 150 مىڭ تونناغا يەتكۈزۈپ، بۇلتۇرقى زىياننىڭ ئورنىنى تولۇقلاپلا قالماستىن، ئامال قىلىپ بۇ يىلقى ھوسۇلنى ئاشۇرۇش پىلانىنى ئورۇندايمىز.

## سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئېلانى

**بىرىنچى، قوبۇل قىلىدىغان سىنىپلار ۋە كەسىپلەر**

1. ئاسپىرانتلىق سىنىپىغا 20 نەپەر (خەنزۇ)

2. ئىقتىسادىي خەنزۇ تىلى كەسپى تولۇق كۇرس سىنىپىغا 50 نەپەر (مىللىي)

3. مەخسۇس كۇرس سىنىپلىرى:

(1) خەنزۇ تىلى كەسپىگە 50 نەپەر (مىللىي)؛ (2) ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىگە 100 نەپەر (مىللىي)؛ (3) ئېلېكترلەشكەن بوغالتىرلىق كەسپىگە 50 نەپەر (خەنزۇ)

**ئىككىنچى، تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋە ئىمتىھان ئېلىش**

يۇقىرىقى مەخسۇس كۇرس سىنىپلىرى، ئومۇمەن، 1997-يىل 5- ئاينىڭ 10-، 11- كۈنلىرى مەملىكەت بويىچە ئېلىنىدىغان چوڭلار ئالىي مائارىپىنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ. ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئىمتىھان بېرىدۇ، بىڭتۈەن ۋە ھەربىي رايونغا قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئورنىغا يېقىن جايدا تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئىمتىھان بېرىدۇ.

**تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتى:** 3- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 5- كۈنىگىچە بولىدۇ.

تولۇق كۇرس سىنىپىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇشى ۋە ئىمتىھان بېرىشى، ئىمتىھان بېرىدىغان ئورۇن ۋە پەنلەر، قوبۇل قىلىش شەرتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش داشۆسى ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق كۇرس سىنىپى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئۈرۈمچى تەۋەسىدىكى ۋە سانجى ئوبلاستىدىكى ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئىمتىھان بېرىدۇ. باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىمتىھان بەرگۈچىلەر شۇ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە مەكتەپلىرىگە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئىمتىھان بېرىدۇ. تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتى 1997-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە بولىدۇ. ئىمتىھان 4-ئاينىڭ 27-، 28-كۈنلىرى ئېلىنىدۇ. كونكرېت ئىشلارنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە مەكتەپلىرىگە بېرىپ ئالاقىلىشىڭ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 2622948 ئارقىلىق 2084 نى ئېلىڭ ياكى بىۋاستە 2625754 نى ئېلىڭ.

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى**
**1997- يىل 3- ئاينىڭ 6- كۈنى**




ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى، ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. تېلېفون باش ئاپپاراتى: 5818200. ئېلان بۆلۈمى: 5850783. تارقىتىش بۆلۈمى: 5859769. تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 7 يۈەن 50 پۇڭ، پارچە باھاسى: 25 پۇڭ (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى:102)

شىنجاڭ ئۆكتەبىر تراكتور (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاشلىق ۋە پاختا ھوسۇلىنى، مەھسۇلاتنى، كىرىمنى ئاشۇرۇش ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىش شەكلىنىڭ قوپال ھالەتتىن تۈجۈپىلەنگەن ھالەتكە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ تېرىقچىلىق قىلىش تېخنىكىسى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە قوللىنىلىشىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان سۈپەتلىك، داڭلىق مەھسۇلات - «XJ –150»، «XJ – 180»، «XJ – 200»، «XJ – 250»، «XJ – 500»، «XJ – 503 HP» تىپلىق تراكتورلىرىنى بازارغا سېلىشنى قارار قىلدى.

شىنجاڭ ئۆكتەبىر تراكتور (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، دېھقانچىلىق مەۋسۇمىگە دەخلى يەتكۈزمەي، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋەزىپىسىنىڭ سۈپەتلىك، تولۇق ئورۇندىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تېخنىكا مۇلازىمىتى خادىملىرى ۋە مۇلازىمەت ئاپتوموبىللىرىنى ئاجرىتىپ، شىركىتىمىز ئىشلەپ چىقارغان ھەرخىل تراكتورلارنى ئىشلىتىۋاتقان ئورۇنلارغا كۈن بويى مۇلازىمەت قىلىشنى قارار قىلدى.

## شىنجاڭ ئۆكتەبىر تراكتور (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

# تەنتەنىلىك ۋەدە بېرىدۇ

























## زاۋۇتنىڭ جايلاردىكى سېتىش ئورۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرلىرى

| رايونلار | رايون نومۇرى | تېلېفون نومۇرى | رايونلار | رايون نومۇرى | تېلېفون نومۇرى | رايونلار | رايون نومۇرى | تېلېفون نومۇرى | رايونلار | رايون نومۇرى | تېلېفون نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى | 0994 | 2339784 | دوربىلجىن | 0901 | 3344790 | تۇرپان | 0995 | 525137 | باي | 0997 | 8622991 |
| قەشقەر | 0998 | 2827664 | بېيتۇن | 0906 | 3371234 | پىچان | 0995 | 222724 | ئاۋات | 0997 | 5121441 |
| ئاقسۇ | 0997 | 2121171 | ساۋەن | 0993 | 6014636 | قۇمۇل | 0902 | 2237500 | مارالبېشى | 0998 | 6211685 |
| كورلا | 0996 | 2027589 | شىخەنزە | 0993 | 2023724 | بارىكۆل | 0902 | 4622136 | قاغىلىق | 0998 | 7283263 |
| ئىلى | 0999 | 8129207 | ماناس | 0994 | 6661917 | خوشۇت | 0996 | 5621023 | يەكەن | 0998 | 8511357 |
| شىخو | 0992 | 503312 | قۇتۇبى | 0994 | 4503482 | خېجىڭ | 0996 | 5023936 | خوتەن | 0903 | 2024465 |
| جىڭ | 09093 | 5332801 | فۇكاڭ | 0994 | 3223022 | لوپنۇر | 0996 | 4022311 | قاراقاش | 0903 | 6511685 |
| كۈيتۇڭ | 0992 | 222483 | گۇچۇڭ | 0994 | 7213245 | بۇگۇر | 0996 | 4690457 | يەنجى | 0996 | 6021401 |
| بورتالا | 09093 | 2227964 | چىگسىخوزا | 0999 | 3291743 | كۇچا | 0997 | 4124238 | جىمسار | 0994 | 6911766 |
| غۇلجاناھىيىسى | 0999 | 4295083 | قورغاس | 0999 | 3023786 | توقسۇ | 0997 | 8122879 | | | |
| تارباغاتاي | 0901 | 6228154 | توقسۇن | 0995 | 823723 | شايار | 0997 | 8322054 | | | |

باش مۇدىر، باش دىرېكتور: چېن يۇڭگاڭ، مۇدىر، مۇئاۋىن باش دىرېكتور: توختى ھوشۇرلار خېرىدارلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ!
ئالاقىلەشكۈچى: سېتىش باش شىركىتى، شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى: ئوران ۋاجىدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ يولى 42 ـ نومۇر، تېلېفون نومۇرى: 5857528، 5857656، 5812804 (0991) تېلېگرامما نومۇرى: 0577

